

# بالىدىن سوئال، ئانىدىن جاۋاب



# ھايۋانات قىسمى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

娃娃问妈妈答. 动物篇/阿布都热依木·买买提等编译—喀什:喀什维吾尔文出版社,2004.5 (2010.3 重印)
ISBN 978—7—5373—1274—5

Ⅰ.娃… Ⅱ.阿… Ⅲ.①科学知识—儿童读物—维吾尔语(中国少数民族语言) ②动物学—儿童读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.Z228.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2006) 第 101189 号

责任编辑:迪丽拜尔·阿不都热依木
责任校对:阿尔祖姑丽·斯迪克

# 娃娃问妈妈答·动物篇

阿布都热依木·买买提 译

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 2.25 印张
2004 年 5 月第 1 版 2010 年 3 月第 3 次印刷
印数:6161 — 10160 总定价:28.00 元

如有质量问题,请与我社联系调换 电话:0998—2653927





## 1. نېمە ئۈچۈن توشقاننىڭ قۇلىقى ئۇزۇن؟

لىلى توشقانچاقنى يۇيۇندۇرۇۋېتىپ، قۇلىقىنىڭ بەك ئۇزۇنلۇقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن توشقاننىڭ قۇلىقى ئۇزۇن؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «توشقاننىڭ قۇلىقى ئۇزۇن بولۇپلا قالماستىن يەنە دىڭ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جانلىق ئايلىنالايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپتىكى ۋە يىراقتىن كەلگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدۇ ھەمدە قېچىش يولىنى تاللاپ، دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالالايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com







## 2 . نېمە ئۈچۈن ئاق توشقاننىڭ كۆزى قىزىل بولىدۇ؟

يېڭىلىك توشقانغا ئوت ـ چۆپ بېرىۋېتىپ، ئاق توشقانچاقنىڭ كۆزى قىزىل ئىكەنلىكىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئاق توشقاننىڭ كۆزى قىزىل بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «توشقان كۆزىنىڭ رەڭگى ئۇنىڭ تېنىدىكى پىگمېنت رەڭگى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە تۈكىنىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئاق توشقاننىڭ تېنىدە رەڭ پىگمېنتى بولمىغاچقا، كۆز ئالمىسىمۇ رەڭسىز بولىدۇ. لېكىن، كۆزىدىكى قان قىزىل بولغاچقا، بىزگە ئاق توشقاننىڭ كۆزى قىزىل كۆرۈنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 3. توشقانمۇ چىشىنى بىلەپ تۇرامدۇ؟

بىر كۈنى نىيۇنيۇ ئانىسى بىلەن بىللە سەيلىككە كېلىپ، توشقاننىڭ توختىماي سەۋزە غاجىلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئانىسىدىن: «توشقان چىشىنى بىلەۋاتامدۇ - قانداق؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «شۇنداق، توشقاننىڭ سەۋزە غاجىلىشى يالغۇز ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى يەنە چىشىنىمۇ بىلەيدۇ. توشقاننىڭ ئۈتتۈر چىشى توختىماي ئۆسۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، دائىم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىز ۋە غوللىرىنى غاجىلاپ تۇرغاندا، ئۈتتۈر چىشىنىڭ زىيادە ئۇزۇن ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 4. توڭگۇز نېمە ئۈچۈن يەر تۈرتۈشكە ئامراق؟

تاۋتاۋ توڭگۇزنىڭ دائىم بۇرنى بىلەن يەر تۈرتۈدىغىنىنى كۆرۈپ، چۈشىنەلمەي ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن توڭگۇز يەر تۈرتۈشكە ئامراق؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «توڭگۇزنىڭ ئەجدادى ياۋا توڭگۇز بولۇپ، ئورمانلىقلاردا ياشىغان. ئۇنى باقىدىغان ئادەم يوق. پۈتۈنلەي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئوزۇق تېپىپ يېگەن. دائىم دېگۈدەك بۇرنى بىلەن لاي - پاتقاقلارنى تۈرتۈپ، توپا ئاستىدىن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىز-غوللىرىنى تېپىپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن. ھازىر ئۆيدە بېقىلىۋاتقان توڭگۇزلار گەرچە ئوزۇقنى ئۆزى تېپىپ يېمىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئەجداتلىرىنىڭ ئاشۇ خىل ھالىتى ساقلىنىپ قالغان. شۇڭا، توپا تۈرتۈشكە ئامراق» دەپ جاۋاب بەردى.









## 5. ئات نېمە ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدۇ؟

بىنبىن ئۆيدىكى ئاتنىڭ كېچىچە كۆزنى يۇمۇۋېلىپ ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلىنىپ: «ئانا، ئات نېمە ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئائىلىدىكى ئاتلار ياۋا ئاتلارنى كۆندۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. ياۋا ئاتلارنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلىشى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئۆزلىرىگە زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. بۇنداقتا ئۇشتۇمتۇت بىرەر خەتەرگە يولۇقسا دەرھال قاچقىلى بولىدۇ. ئۆي ئاتلىرىنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلىشى ياۋا ئاتلارنىڭ ئاشۇ تۇرمۇش ئادىتىدىن كەلگەن» دەپ جاۋاب بەردى.



## 6. نېمە ئۈچۈن ئاتنىڭ تۇۋىقىغا تاقا قاقتۇرۇلىدۇ؟

لىلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر ئاكاشنى ئاتنىڭ تۇۋىقىغا تاقا قېقىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. لىلى ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئاتنىڭ تۇۋىقىغا تاقا قاقىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئاتنىڭ تۇۋىقى ئەمەلىيەتتە مۈڭگۈزلەشكەن قاتتىق تېرە، ئۇ يەنە بەدەن ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم نۇقتا. شۇڭا، يول ماڭغاندا ئاسان ئۇپرايدۇ. ئاتنىڭ تۇۋىقىغا تاقا قاقتۇرغاندا، ئۇنىڭ تۇۋىقىنى ئاسرىغىلى، سۈركىلىپ ئۇپراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئات تېخىمۇ تېز چاپالايدۇ» دېدى.



## 7. كالا نېمە ئۈچۈن كۆشەيدۇ؟

بىر كۈنى لىڭلىڭ ئانىسى بىلەن بىللە كالا بېقىۋېتىپ، كالىنىڭ ئوت - چۆپ يېمىگەندىمۇ يەنە ئاغزىنى غۇچۇرلىتىپ چايناپ تۇرىدىغانلىقىنى سېزىپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن كالا ئوت يېمىگەندىمۇ يەنە ئاغزىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «كالىنىڭ تۆت قېرىنى بار. كالا ئوت - چۆپ يېگەندە ئالدى بىلەن ئۇنى چوڭ قېرىنىغا كىرگۈزۈپ ئېچىتىدۇ، ئاندىن توققۇز توللۇقىدا كىچىك مونەكچىلەرگە ئايلاندۇرۇپ بولۇپ يەنە ئاغزىغا قايتۇرۇپ كېلىپ ئىنچىكە چاينىغاندىن كېيىن، قات قېرىنىغا ئاپىرىپ ئېزىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا شىردان ئارقىلىق ھەزىم قىلىدۇ، بۇ خىل ھادىسە كۆشەش دېيىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 8. نېمە ئۈچۈن تۆگىنىڭ دۈمبىسىدە لوكىسى بار؟

بىر كۈنى جۈزى ئانىسى بىلەن يولدا كېتىۋېتىپ بىر تۆگىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ قىزىقىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن تۆگىنىڭ دۈمبىسىدە لوكىسى بار؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «تۆگىنىڭ لوكىسى ئېنېرگىيە ساقلايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ماي بىلەن سۇ بار. چۆللۈكلەردە ماڭغاندا بىرقانچە كۈنگىچە نەرسە يېمىسىمۇ، سۇ ئىچمىسىمۇ ئاشۇ لوكىسىدىكى ماي بىلەن سۇغا تايىنىپ ھايات كەچۈرەلەيدۇ. شۇڭا، تۆگىنىڭ لوكىسى ھەم يېمەكلىك ئامبىرى، ھەم سۇ ئامبىرى» دەپ جاۋاب بەردى.



## 9. نېمە ئۈچۈن ئىت ئۇخلىغاندا دائىم بىر قۇلىقىنى يەرگە يېقىۋالىدۇ؟

ناۋناۋ ئۆيىدىكى ئىتنىڭ ئۇخلىغاندا دائىم بىر قۇلىقىنى يەرگە يېقىۋالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئىت ئۇخلىغاندا دائىم بىر قۇلىقىنى يەرگە يېقىۋالىدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «ئىتنىڭ قۇلىقى بەك سەگەك بولىدۇ. ئۇخلىغاندا بىر قۇلىقىنى يەرگە يېقىۋالسا، ئەتراپتىن كەلگەن ئاۋازنى تېخىمۇ ئوچۇق ئاڭلاپ، ئەھۋالنى ۋاقتىدا سېزىۋالالايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 10. نېمە ئۈچۈن ئىت دائىم تىلىنى چىقىرىۋالىدۇ؟

ياز كۈنلىرى، يېڭىلىك ئىتنىڭ دائىم تىلىنى ئۇزۇن چىقىرىۋالىدىغانلىقىغا قاراپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئىت تىلىنى دائىم چىقىرىۋالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئۆزىدىكى تۇراقلىق تېمپېراتۇرىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئىسسىپ كەتكەندە مۇئەييەن يوللار ئارقىلىق ئىسسىقلىق چىقىرىپ ئۆزىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ئادەم ۋە كۆپ سانلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدە تەر بەزلىرى بولۇپ، بەدىنىدىكى ئارتۇقچە ئىسسىقلىق تەر ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ. لېكىن، ئىتنىڭ تېرىسىدە تەر بەزلىرى يوق. شۇڭا، ياز كۈنلىرى بەك ئىسسىق بولغاچقا، ئىت پەقەت تىلىنى چىقىرىپ ھاسىراپ تۇرۇش ئارقىلىق تېنىدىكى ئارتۇقچە ئىسسىقلىقنى چىقىرىۋېتەلەيدۇ» دېدى.



## 11. نېمە ئۈچۈن ئىت يول تونۇيالايدۇ؟

مەلۇم بىر كۈنى، ماۋماۋنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان كۈچۈكى ئۆزى قايتىپ كەلدى. ماۋماۋ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئىت يول تونۇيالايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئىت ھەر قېتىم يول ماڭغاندا سىيىدۇ. لېكىن، بىراقلا سىيىپ تۈگەتمەي، ھەر ئاچالدا بىر ئازدىن سىيىپ ئىز قالدۇرىدۇ. قايتقان چاغدا سۈيدۈكىنى پۇراپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يولدىن ئازمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 12 . مۈشۈكنىڭ تۈكىنى يالىشى يۇيۇنغانلىقمۇ؟

لەنلەن ئۆيىدىكى مۈشۈكنىڭ دائىم تۈكىنى يالىغانلىقىنى كۆرۈپ سەبىيلىك بىلەن ئانىسىدىن: «مۈشۈكنىڭ تۈكىنى يالىشى ئۆزىنى يۇغانلىقمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «مۈشۈك ئاپتاپسىنغاندا، ئۇنىڭ تېرىسى راخت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋىتامىن D نى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. مۈشۈكنىڭ تۈكىنى يالىشى دەل مۈشۇ خىل ئوزۇقلۇق ماددىنى يېيىش ئۈچۈندۇر» دەپ جاۋاب بەردى.



## 13. مۈشۈكنىڭ بۇرۇتى نېمە رول ئوينايدۇ؟

بىر كۈنى ياڭياڭ مۈشۈكنىڭ بۇرۇتىنى قىرقىماقچى بولغان ئىدى، ئانىسى قىرقىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ ئانىسىدىن: «مۈشۈكنىڭ بۇرۇتىنىڭ نېمە رولى بار؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «مۈشۈكنىڭ بۇرۇتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئۇنىڭ ئورۇق - سېمىزلىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا، كامار ۋە ئۆتەشمە يوللاردىن ئۆتىدىغاندا ئۆزىنىڭ پاتىدىغان ياكى پاتمايدىغانلىقىنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 14. نېمە ئۈچۈن مۈشۈك ماڭغاندا شەپە چىقار- مايدۇ؟

بىر كۈنى چيەنچيەن ئانىسى بىلەن دېرىزە تۈۋىدىن ئۆتۈپ كېتىۋا- تاتتى. بىر مۈشۈك دېرىزە ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى قورقىتىۋەتتى. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن مۈشۈك ماڭغاندا شەپە چىقارمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «مۈشۈكنىڭ تاپان گۆشى قېلىن، تىرنىقىمۇ ئۇزۇن ـ قىسقىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ماڭغاندا شەپە چىقمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 15. نېمە ئۈچۈن توخۇ ئۇششاق تاشلارنى يەيدۇ؟

خاۋخاۋ ئانىسى بىلەن هويلا سۈپۈرۈۋېتىپ، توخۇنىڭ ئۇششاق تاشلارنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن توخۇ تاش يەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «توخۇنىڭ چىشى يوق. ئاشقازىنى (تاشلىقى) قېلىن مۇسكۇللاردىن تەركىب تاپقان، يېگەن ئۇششاق تاشلار توخۇنىڭ تاشلىقىغا كىرگەندىن كېيىن، تاشلىقنىڭ لۆمۈلدەش هەرىكىتى بىلەن ئېزىلىپ يېگەن نەرسىلەرنى هەزىم قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 16 . نېمە ئۈچۈن خوراز تاڭ سەھەردە چىللايدۇ؟

نيۇنيۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە خورازنىڭ چىللىغىنىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن خوراز تاڭ سەھەردە چىللايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «خورازنىڭ بوۋىسى ياۋا توخۇ بولۇپ، ئۇ باشقا ھايۋانلارغا بۇ يەرنىڭ ئۆزىگە تەۋە زېمىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ چىللىغان. ھازىرقى خورازلارنىڭ چىللىشى ئاشۇ ئەجدادلىرىنىڭ ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن كەلگەن» دەپ جاۋاب بەردى.









## 17. نېمە ئۈچۈن ئۆردەك سۇ ئۈزەلەيدۇ؟

جېنجېن ئانىسى بىلەن كۆل بويىدا كېتىۋېتىپ، ئۆردەكنىڭ سۇدا ئۈزۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئانىسىدىن: « نېمە ئۈچۈن ئۆردەك سۇدا ئۈزەلەيدۇ؟ » دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئۆردەكنىڭ كۆكرەك ۋە قورساق قىسمى كەڭ ھەم تۈز بولۇپ، پەي تۈكلىرى قېلىن ھەم زىچ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قات مايسىمان ماددىلار بار. شۇڭا، سۇدا چۆكۈپ كەتمەيدۇ، لەيلەش كۈچى زور. ئۇنىڭ پۇتىدا يەنە ئۈزۈش پەردىسى بولۇپ، سۇنى ھەيدەپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆردەك سۇ ئۈزەلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 18. نېمە ئۈچۈن قۇش ھاۋادا ئۇچالايدۇ؟

كەيكەي كىچىك قۇشلارنىڭ دەرەخ ئۈستىدە ئۇچۇشۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن قۇش ھاۋادا ئۇچالايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «قۇشلارنىڭ كۆكرەك مۇسكۇللىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، كۈچەپ قانات قېقىش ئارقىلىق يۇقىرىغا ئۆرلەش ۋە ئالدىغا ئىنتىلىش كۈچى پەيدا قىلالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قۇشلارنىڭ سۆڭىكى كاۋاك، بەدىنى يەڭگىل، ئۈچىيى قىسقا بولۇپ، گەندىلىرىنى ۋاقتىدا چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇشلار ئاسماندا ئۇچالايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 19. نېمە ئۈچۈن قۇشلار توك سىمىغا قونغاندا توك سوقمايدۇ؟

شىياۋجى ئانىسى بىلەن توك سىمى ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كىچىك قۇشلارنىڭ توك سىمىغا قونۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، چۈشىنەلمەي ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن قۇشلار توك سىمىغا قونسا توك سوقمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «قۇشلار توك سىمىغا قونغاندا، يەر يۈزىگە تېگىشمەيدۇ. ئىككى پۇتى پەقەت بىر تال سىمدىلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە توك سىمىنىڭ سىرتى بىر قەۋەت توك ئۆتكۈزمەيدىغان جىسىم بىلەن ئورالغان بولغاچقا، قۇشنىڭ بەدىنىدىن ئۆتىدىغان توك ئېقىمى ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى توك سوقمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 20 . نېمە ئۈچۈن تۆمۈرتۇمشۇق دەرەخنىڭ ئىچىدىكى قۇرتنى تاپالايدۇ؟

بىر كۈنى نيۇنيۇ ئانىسى بىلەن ئورمانلىقتا موگۇ تېرىۋېتىپ، تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ دەرەخلەرگە قونۇۋېلىپ قۇرت تۇتۇۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ ھەيران بولۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن تۆمۈرتۇمشۇق دەرەخنىڭ ئىچىدىكى قۇرتنى تاپالايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «تۆمۈرتۇمشۇق توختىماستىن دەرەخنى چوقۇيدۇ ۋە چوقۇغاندا چىققان ئاۋازغا قاراپ دەرەختە تۆشۈك بار ـ يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەگەر تۆشۈك بولىدىكەن چوقۇم ئۇنىڭدا قۇرت بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 21. نېمە ئۈچۈن تۇرنىلار قاتارلىشىپ ئۇچىدۇ؟

بىر كۈنى يەنيەن ئانىسى بىلەن باغچىدا ئويناۋېتىپ، بىرمۇنچە تۇرنىلارنىڭ ئاسماندا قاتارلىشىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن تۇرنىلار قاتارلىشىپ ئۇچىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى ئۇنىڭغا: «تۇرنا ئۇزۇن مۇساپىلىك ئۇچۇش سەپىرىدە قانات قېقىپ ئۇچقاندىن باشقا، يەنە دائىم بوشلۇقتىكى يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان ھاۋا ئېقىمىدىن پايدىلىنىپ پەرۋاز قىلىش ئارقىلىق جىسمانىي كۈچىنى تېجەيدۇ. ئالدىدىكى تۇرنىلارنىڭ قانات قېقىپ ئۇچۇشى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەيدىغان ھاۋا ئېقىمىنى پەيدا قىلىدىغان بولغاچقا، ئارقىدىكى تۇرنىلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئېگىز بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرنىلار بىر - بىرىگە ئەگىشىپ، رەتلىك سەپ بولۇپ شەكىللىنىدۇ» دېدى.



## 22. بېلىقچى قۇش نېمە ئۈچۈن پاراخوتقا ئەگىشىپ ئۇچىدۇ؟

دۇڭدۇڭ ئانىسى بىلەن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ساياھەتكە كېتىۋېتىپ، نۇرغۇن بېلىقچى قۇشلارنىڭ پاراخوتقا ئەگىشىپ ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «بېلىقچى قۇشلار نېمە ئۈچۈن پاراخوتقا ئەگىشىپ ئۇچىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «پاراخوت ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا، يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان ھاۋا ئېقىمى پەيدا بولىدۇ. بېلىقچى قۇش بىر جۈپ قانىتىنى كەرگەندە ئۇنىڭدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇچقاندىمۇ ئېنېرگىيە تېجەپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە پاراخوت كەينىدىكى بۇرمىسىمان پالاق ئارقىلىق ئۆرلەپ چىققان كىچىك بېلىق ۋە راكلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. شۇڭا، بېلىقچى قۇش پاراخوتقا ئەگىشىپ ئۇچىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 23 . نېمە ئۈچۈن شاتۇتى گەپ قىلالايدۇ؟

بىر كۈنى، ئانىسى ماۋماۋغا گەپ قىلالايدىغان بىر شاتۇتى ئەكېلىپ بەرگەندى. ماۋماۋ خۇشلۇقىدىن سەكرەپ كەتتى ۋە ئانىسىدىن: «شاتۇتى نېمە ئۈچۈن گەپ قىلالايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «چۈنكى، شاتۇتىنىڭ تىل تۈۋى تەرەققىي قىلغان، تىل ئۇچى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، يۇمشاق ھەم جانلىق بولۇپ، توغرا ۋە ئېنىق تەلەپپۇز قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دوراشقا ئامراق، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك. شۇڭا، ئادەتتىكى گەپلەرنى قىلالايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 24. نېمە ئۈچۈن توز قانىتىنى كېرىدۇ؟

بىر كۈنى، لېلى ئانىسى بىلەن ھايۋانات باغچىسىغا ئوينىغىلى بېرىپ قاناتلىرىنى كېرىپ تۇرغان چىرايلىق توزنى كۆرۈپ ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كەتتى ھەمدە ئانىسىدىن: « نېمە ئۈچۈن توز قانىتىنى كېرىپ تۇرىدۇ؟ » دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «توزنىڭ قانىتىنى كېرىشى ئۇنىڭ جۈپتىنى ئىزدەش ئىپادىسى بولۇپ، پەقەت ئەركەك توزلا مۇشۇنداق قىلىدۇ. ئەركەك توزنىڭ ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان قانىتىنى تىك، كۆركەم تۇتۇشى چىشى توزنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈندۇر. ئۇ يەنە قورققاندا ياكى دۈشمەنلىرىگە دۈچ كەلگەندىمۇ قانىتىنى كېرىۋېلىش ئارقىلىق قارشى تەرەپكە تاقابىل تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



**25. مۈشۈكياپىلاق نېمە ئۈچۈن كېچىدە ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يېيىشكە ماھىر كېلىدۇ؟**

بىر كۈنى، ئانىسى شىڭشىڭغا مۈشۈكياپىلاقنىڭ دالا چاشقىنى تۇتقانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. شىڭشىڭ ئانىسىدىن: «مۈشۈكياپىلاق نېمە ئۈچۈن كېچىدە ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يېيىشكە ماھىر كېلىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «مۈشۈكياپىلاق چاشقان يەيدۇ، ئۇ پايدىلىق قۇش. ئۇنىڭ كېچىدە يورۇقلۇق سېزىشى يۇقىرى، ئاڭلاش سېزىمى كۈچلۈك بولۇپ، تۈك ـ پەيلىرى يۇمشاق، يەڭگىل، ئۇچقاندا شەپە چىقارمايدۇ. پۇتىدا ئۆتكۈر تىرنىقى بولۇپ، ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يېيىشكە ئەپچىل. شۇڭا، ئۇ كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يېيىشكە ماھىر كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 26. نېمە ئۈچۈن بۈركۈت ئاسماندا ئۇچۇۋېتىپ يەردىكى كىچىك ھايۋانلارنى كۆرەلەيدۇ؟

بىر كۈنى، شياۋمىڭ ئانىسى بىلەن يايلاقتا قوي بېقىۋېتىپ، بۈركۈتنىڭ ئاسماندىن ئۇچۇپ چۈشۈپ، بىر توشقاننى تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن بۈركۈت ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندا يەردىكى كىچىك ھايۋانلارنى كۆرەلەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «بۈركۈتنىڭ كۆزىدىكى كۆرۈش پەردىسىدە ئىككى مەركىزىي ئويۇقچە بولۇپ، بىرسى ئالدى تەرەپنى، يەنە بىرسى يان تەرەپنى كۆرسىتىدۇ. كۆرۈش دائىرىسى كەڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر مەركىزىي ئويۇقچىدىكى كۆرۈش ھۈجەيرىلىرىمۇ كۆپ. شۇڭا، ئۇ ئېگىز ئاسماندا تۇرۇپ يەردىكى كىچىك ھايۋانلارنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 27 . كەپتەر نېمىگە تايىنىپ ئۆيگە قايتىدىغان يولنى بىلىۋالىدۇ؟

تاۋتاۋنىڭ كەپتىرى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، بىر كۈندىن كېيىن ناھايىتى يىراق جايدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «كەپتەر نېمىگە تايىنىپ ئۆيگە قايتىدىغان يولنى تاپالايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «كەپتەرنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ چىققان بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەر شارىنىڭ ماگنىت مەيدانىدىكى ئۆزگىرىشنى ئۆلچىيەلەيدۇ. شۇڭا، كەپتەر يەر شارىنىڭ ماگنىت مەيدانىنى ‹يول باشلىغۇچى› قىلىپ، ئۆيگە قايتىدىغان يۆنىلىش ۋە يولنى بەلگىلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 28. قارلىغاچ تۆۋەن ئەگىپ ئۇچسا يامغۇر ياغامدۇ؟

بىر كۈنى بىر توپ قارلىغاچ شالىلىق ئۈستىدە ناھايىتى پەس ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ئانىسى ئۇنى كۆرۈپ نيۇ نيۇغا يامغۇر ياغىدىغان بولدى، دېدى. نيۇنيۇ ئەجەبلىنىپ: «قارلىغاچ پەس ئەگىپ ئۇچسا يامغۇر ياغامدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «ھەر قېتىم قاتتىق يامغۇر ياغىدىغان چاغدا ئاسماندىكى بۇلۇت قاتلىمى تۆۋەنلەيدۇ، ھاۋا بېسىمىمۇ تۆۋەنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل ھاشاراتلارنىڭ ھاۋادا ئېگىز ئۇچۇشى قىيىنلىشىپ، پەس ئۇچۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە قارلىغاچلارمۇ ھاشاراتلارنى تۇتۇش ئۈچۈن يەر بېغىرلاپ پەس ئۇچىدۇ. شۇڭا، قارلىغاچنىڭ پەس ئۇچۇشى يامغۇر يېغىشتىن بېشارەت بېرىدۇ» دېدى.









## 29. نېمە ئۈچۈن پىنگۋىن دېڭىز سۈيىنى ئىچەلەيدۇ؟

بىر كۈنى، لىلىنىڭ ئانىسى بىلەن «هايۋانات دۇنياسى» پروگراممىسىنى كۆرۈۋېتىپ، پىنگۋىنلارنىڭ دېڭىز سۈيىنى ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇنى چۈشىنەلمەي ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن پىنگۋىن دېڭىز سۈيىنى ئىچەلەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «پىنگۋىننىڭ بۇرنىدا بۇرۇن بېزى بار. دېڭىز سۈيىدىكى ئارتۇقچە تۇز تەركىبىنى چىقىرىۋېتەلەيدۇ. دېڭىز سۈيىنى ئىچسىمۇ زەھەرلىنىپ قالمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 30. شەپەرەڭ قاراڭغۇدا پاشىنى قانداق كۆرەلەيدۇ؟

ياز، نيۇنيۇ ئانىسى بىلەن ھويلىدا سەگىدەپ ئولتۇراتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا شەپەرەڭنىڭ كېچىدە ئۇچۇپ يۈرۈشى پاشا تۇتۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «شەپەرەڭ قاراڭغۇدا پاشىنى قانداق كۆرەلەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «شەپەرەڭ كانىيىدىن بىر خىل كۈچلۈك ئاۋاز دولقۇنى چىقىرىدۇ. بۇ ئاۋاز دولقۇنى جىسىملارغا تەگكەندە ئەكس سادا چىقىدۇ، ئاندىن شەپەرەڭ شۇنىڭغا قاراپ قۇلىقى ئارقىلىق جىسىمنىڭ ئورنى ۋە چوڭ - كىچىكلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تېخى ھاشارات ۋە باشقا جىسىملار قايتۇرغان ئەكس ئۇچۇرلارنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. شۇڭا، كېچە ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ شەپەرەڭ پاشىلارنى تۇتۇۋېرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 31. پىلنىڭ بۇرنى نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن؟

بىر كۈنى دەندەن ئانىسى بىلەن ھايۋانات باغچىسىغا بارغانىدى، ئۇ پىلنىڭ بۇرنىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن پىلنىڭ بۇرنى شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «پىلنىڭ بەدىنى چوڭ ھەم ئېگىز، بويىنى توم ھەم قىسقا بولغاچقا، مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇرنى شۇنداق ئۇزۇن ئۆسكەن. پىلنىڭ بۇرنى قولغا ئوخشاش ھەرىكەتچان بولۇپ، يالغۇز نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىنى قوغدايدىغان كۈچلۈك قورال» دەپ جاۋاب بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 32. پىل سۇ ئۈزەلەمدۇ؟

بىر كۈنى رۇڭرۇڭ پىلنىڭ كۆلدە سۇ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئانىسىدىن: «پىل سۇ ئۈزۈشنى بىلەمدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بىلىدۇ، پىلنىڭ تېنى چوڭ، سۇغا كىرگەندىن كېيىنكى لەيلەش كۈچى زور، پۇتىنى پالاق قىلىپ، سائەتتە 2 — 3 كىلومېتىر سۇ ئۈزەلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.






## 33. نېمە ئۈچۈن پىل لايدا ئېغىنايدۇ؟

ياز، ئانىسى ماۋماۋنى ھايۋانات باغچىسىغا ئاپارغانىدى. ماۋماۋ پىلنىڭ لايدا ئېغىناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن پىل لايدا ئېغىنايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئۇ بىر خىل ئۆزىنى قوغداش تەدبىرى. پىل لايدا ئېغىناش ئارقىلىق تېرىسىدىكى قورۇقلارغا لاي سۈركەپ، بىر قات قوغدىنىش قاتلىمى ھاسىل قىلىپ، چىۋىن ۋە پاشىلارنىڭ چېقىشىدىن ساقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە كۈننىڭ قاتتىق قىزدۇرۇشىدىن ئۆزىنى قوغدايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## 34 . نېمە ئۈچۈن ئاق ئېيىق سوغۇقتىن قورقـ- مايدۇ؟

لياڭلياڭ تېلېۋىزوردىن ئاق ئېيىقنىڭ ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان يەرلەردە يېمەكلىك ئىزدەپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئاق ئېيىق سوغۇقتىن قورقمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئاق ئېيىقنىڭ بەدىنىدە ناھايىتى قېلىن ماي قاتلىمى ھەمدە قېلىن يۇڭلۇق تېرىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈكى نەيچىسىمان بولۇپ، ئۇزۇن ھەم قويۇق كېلىدۇ. شۇڭا، ئېيىق بەدىنىگە چۈشكەن كۈن نۇرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك يىغىۋالالايدۇ. ئىسسىقلىق ساقلاش ئىقـ- تىدارى ياخشى. شۇڭا، پەقەت توڭلىمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 35. نېمە ئۈچۈن بۆرىنىڭ كۆزىدىن كېچىدە يېشىل نۇر چىقىدۇ؟

كەيكەي ئىنىسى بىلەن بىللە تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ، كېچىدە بۆرىنىڭ كۆزىدىن يېشىل نۇر چاقنىغانلىقىنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەجەبلىنىپ ئىنىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن بۆرىنىڭ كۆزىدىن كېچىدە يېشىل نۇر چىقىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئىنىسى: «بۆرىنىڭ كۆزىدىكى خىرۇستال جىسىم ئاجىز نۇرلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يەنە قايتۇرۇش ئارقىلىق نەرسىلەرنى كۆرىدۇ. بۆرىنىڭ كۆزىدىكى بۇ خىل خىرۇستال يېشىل نۇر چىقىرىدىغان بولغاچقا، بۆرىنىڭ كۆزىمۇ كېچىدە يېشىل نۇر چىقىرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 36 . نېمە ئۈچۈن كېنگورۇنىڭ قورسىقىدا خالتىسى بار؟

شىياۋجيېنىڭ ئانىسى بىر كۈنى ئۇنىڭغا بىر كېنگورۇ قونچاق ئېلىپ بەردى. قونچاقنىڭ قورسىقىدا بىر خالتىسى بولغاچقا، شىياۋجيې ئۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن كېنگورۇنىڭ قورسىقىدا خالتىسى بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئۇ بالا بېقىش خالتىسى دېيىلىدۇ. چۈنكى، كېنگورۇنىڭ بالىلىرى تۇغۇلغان چاغدا بەك كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولۇق يېتىلمىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى خالتىدا تۇرۇپ، سۈت ئېمىپ تەدرىجىي چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە بالىلىرىنى خالتىسىغا سېلىۋالسا قېچىشقىمۇ ئەپلىك. باشقا ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى قاچۇرالايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 37. كېنگۇرۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ نېمە رولى بار؟

لەنلەن ئانىسى بىلەن ھايۋانات باغچىسىدا ئويناۋېتىپ، كېنگۇرۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئانىسىدىن: «كېنگۇرۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ نېمە رولى بار؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «كېنگۇرۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ رولى چوڭ، ئولتۇرۇپ دەم ئالغاندا، ئۇنىڭ قۇيرۇقى ئىككى ئارقا پۇتى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ بۇلۇڭلۇق جازا شەكىللەندۈرۈپ، بەدەننى مۇستەھكەم كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. سەكرەپ ماڭغاندا بەدەننىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 38 . نېمە ئۈچۈن تىيىننىڭ قۇيرۇقى چوڭ؟

مىڭمىڭ ئانىسى بىلەن ئورمانلىقتا مېۋە تەرگىلى بارغاندا، بىر كىچىك تىيىنچاقنىڭ دەرەخ ئۈستىدە شاختىن- شاخقا سەكرەپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن تىيىننىڭ قۇيرۇقى چوڭ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: « تىيىننىڭ قۇيرۇقىنىڭ مۇنداق چوڭ بولۇشى ئۇنىڭ دەرەخ ئۈستىدە شاختىن - شاخقا سەكرەپ يۈرگەندە نىشانىنى ئېگىلەپ، بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە كېچىدە ئۇخلىغاندا قۇيرۇقىنى ئۈستىگە ئارتىۋالسا توڭۇپ قالمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.







## 39. چاشقان نېمە ئۈچۈن قاتتىق نەرسىلەرنى غاجىلاشقا ئامراق؟

بىر كۈنى، ئانىسى شىڭشىڭغا چاشقان غاجىلاپ تېشىۋەتكەن ساندۇقنى كۆرسىتىپ: «قارا، چاشقان نېمە دېگەن ئەسكى!» دېگەنىدى، شىڭشىڭ ئانىسىدىن: «چاشقان نېمە ئۈچۈن قاتتىق نەرسىلەرنى غاجىلاشقا ئامراق؟» دەپ سورىدى. ئانىسى: «چاشقاننىڭ ئۇتتۇر چىشلىرى توختىماي ئۆسۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، قاتتىق نەرسىلەرنى غاجىلاپ چىشىنى ئۇپرىتىپ تۇرۇشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، تېگى - تۆپىدىكى ئۇتتۇر چىشلىرى ئۆسۈۋېرىپ تاقىشىپ قېلىپ، ئاغزىنى ئاچالماي قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 40. سۇ ئېتى نېمە ئۈچۈن سۇدا تۇنجۇقۇپ قالمايدۇ؟

چىچى ئانىسى بىلەن ھايۋانات باغچىسىغا ئوينىغىلى بېرىپ، سۇ ئېتىنىڭ سۇ ئىچىدە تۇرسىمۇ تۇنجۇقۇپ ئۆلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «سۇ ئېتى نېمە ئۈچۈن سۇدا تۇنجۇقۇپ قالمايدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «سۇ ئېتىنىڭ تېنى چوڭ، تېرە ئاستى ماي قاتلىمى قېلىن، سۇ ئىچىدە ئۈزەلەيدۇ. ئۇنىڭ كۆزى قۇلىقى ۋە بۇرنى بېشىنىڭ تۆپىدە بولۇپ، يۇمىلىغاندا سۇ ئىچىگە چۆكىدۇ. سۇدىن بېشىنى چىقارغاندا نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ، نەپەس ئېلىپ، ئاۋاز ئاڭلىيالايدۇ. شۇڭا، سۇ ئېتى سۇنىڭ ئىچىدە تۇرسىمۇ تۇنجۇقۇپ قالمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 41. بېلىق نېمە ئۈچۈن سۇدا ئۈزەلەيدۇ؟

بىر كۈنى، جېنجېن بېلىق قاچىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن كىچىك بېلىقنى كۆرسىتىپ، قىزىققان هالدا ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن بېلىق سۇدا ئۈزەلەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «بېلىقنىڭ تېنى سۇپۇر شەكىللىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ سۇ ئىچىدە نەپەس ئالىدىغان ساقىقى بار. بېلىق پۇۋەكچىسى ئۇنى سۇدا لەيلىتىپ ياكى چۆكتۈرۈپ تۇرىدۇ. قانات قۇيرۇقلىرى سۇ بۆلىدۇ ۋە ئۈزۈش نىشانىنى كونترول قىلىدۇ. شۇڭا، بېلىق سۇدا ئۈزەلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 42. نېمە ئۈچۈن بېلىق مۇز ئاستىدىكى سۇدا تۇرۇپ مۇزلاپ قالمايدۇ؟

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئانىسى لىلىنى تاغىسى مۇز يېرىپ بېلىق تۇتۇۋاتقان دەريا بويىغا باشلاپ باردى. لىلى ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن بېلىق مۇزنىڭ تېگىدىكى سۇدا توڭلاپ قالمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «قىشتا دەريا يۈزىدىكى سۇ مۇزلىغان بىلەن دەريانىڭ تېگىدىكى سۇ مۇزلىمايدۇ. سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى يەنىلا 4℃ ئەتراپىدا بولىدۇ. شۇڭا، بېلىق مۇزلاپ قالمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 43 . بېلىق قانداق ئۇخلايدۇ؟

بىر كۈنى، لىلى ئانىسىغا بېلىق قاچىسىدىكى بېلىقلارنىڭ سۇ ئاستىغا چۆكۈپ جىم تۇرغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ئانىسى: «ئۇنداق بولسا بېلىق ئۇخلاپ قاپتۇ» دېدى. لىلى ئانىسىدىن: «بېلىق قانداق ئۇخلايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «قاتتىق قىلتىرىقلىق بېلىقلارنىڭ قاپقى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇخلىغاندا كۆزى يۇمۇلمايدۇ. ھەرىكەت قىلماي جىم تۇرىدۇ. پەقەت ساقىقىلا سەل - پەل ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇرىدۇ. قاناتلىرىنى كېرىپ جىم تۇرىدۇ. قانات قۇيرۇقىنى ئانچە - مۇنچە مىدىرلىتىپ قويۇش بىلەن بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 44 . نېمە ئۈچۈن كىت سۇ پۈركۈيدۇ؟

چيەنچيەن ئانىسى بىلەن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ چوڭ دېڭىزدا كېتىۋېتىپ، كىت پۈركۈپ چىقارغان سۇ تۈۋرۈكىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېڭىلىق ھېس قىلىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن كىت سۇ پۈركۈيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «كىت سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، گەرچە ئۇ سۇدا ياشىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆپكىسى ئارقىلىق ئاتموسفېرادىكى ئوكسىگېن بىلەن نەپەس ئالىدۇ ھەمدە ھەر 10 مىنۇت ئارىلىقىدا بىر قېتىم سۇ يۈزىگە چىقىپ ھاۋا ئالماشتۇرىدۇ. كېرەكسىز گاز ۋە ھورنى ئۆپكىسىدىن پۈركۈپ چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ناھايىتى چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرنى چوققىسىدا بولغاچقا، دېڭىز سۇلىرىنى تۈرتۈپ ناھايىتى ئېگىز سۇ تۈۋرۈكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.







## 45. نېمە ئۈچۈن سەككىز ئاياغ قارا رەڭ پۈركۈپ چىقىرىدۇ؟

ياڭياڭ ئانىسى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ، سەككىز ئاياغنىڭ قارا رەڭ پۈركۈۋاتقىنىنى سەزدى. ئۇ بۇنىڭدىن غەيرىيلىك ھېس قىلىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن سەككىز ئاياغ قارا رەڭ پۈركۈپ چىقىرىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «سەككىز ئاياغنىڭ تېنى ئاستىدا بىر قارا خالتا بار. ئۇنىڭدا قارا رەڭلىك سۇيۇقلۇق ساقلىنىدىغان بولۇپ، پۈركۈلۈپ چىقسا، ئەتراپىدىكى سۇنى قاپقارا قىلىۋېتىدۇ. خەتەرگە يولۇققاندىمۇ، قارا رەڭ پۈركۈپ چىقىرىپ، دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىدىن قاچىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 46 . نېمە ئۈچۈن سەدەپ قۇلۇلىسى پىشقاندا قېپى يېرىلىدۇ؟

دۇڭدۇڭغا ئانىسى سەدەپ قۇلۇلىسى پىشۇرۇپ بەرگەنىدى، دۇڭ-دۇڭ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن سەدەپ قۇلۇلىسى پىشقاندا قېپى يېرىلىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن گۆش ئىلىنچاق بولۇپ، ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇرىدۇ. پىشقان سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ گۆش ئىلىنچىقى تارتىشىش كۈچىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، قېپى يېرىلىپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 47 . نېمە ئۈچۈن سەدەپ قۇلۇلىسى ئىچىدىن مەرۋايىت چىقىدۇ؟

بىر كۈنى، يىڭنىگۈلغا ئانىسى بىر تال چوڭ سەدەپ قۇلۇلىسى ئەكىلىپ بەرگەنىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر تال مەرۋايىت چىقتى. يىڭنىگۈل ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن سەدەپ قۇلۇلىسى ئىچىدىن مەرۋايىت چىقىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «پارازىت قۇرت ياكى قۇم سەدەپ قۇلۇلىسى ئىچىگە كىرگەندە، قۇلۇلە ئۇنى ئۆزىدىن ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان مەرۋايىت ماددىسى بىلەن ئوروۋالىدۇ ھەمدە قەۋەت-قەۋەت ئوراش نەتىجىسىدە مەرۋايىتقا ئايلىنىپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 48. نېمە ئۈچۈن قىسقۇچپاقا بىلەن راكنى پىشۇرغاندىن كېيىن رەڭگى قىزىرىپ قالىدۇ؟

تاۋتاۋنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە، ئانىسى ئۇنىڭغا نۇرغۇن قىسقۇچپاقا بىلەن راك پىشۇرۇپ بەردى. تاۋتاۋ ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئانىسىدىن: «قىسقۇچپاقا بىلەن راك پىشقاندا نېمە ئۈچۈن رەڭگى قىزىل بولۇپ قالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈنكى، قىسقۇچپاقا بىلەن راك پىشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قاسىرىقىدىكى باشقا رەڭ پىگمېنتلىرى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ياكى پارچىلىنىپ كېتىدۇ. پەقەت قىزىل پىگمېنتلا يۇقىرى ھارارەتكە چىداملىق بولغاچقا، قاسىراقتا ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، قىزىل رەڭلىك بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 49. نېمە ئۈچۈن قىسقۇچپاقا كۆپۈك پۈركۈپ چىقىرىدۇ؟

نيۇنيۇنىڭ ئانىسى بىرقانچە تال تىرىك قىسقۇچپاقا سېتىۋېلىپ كەلگەندى. نيۇنيۇ تۇساتتىن قىسقۇچپاقىنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن سۇ كۆپۈكچىلىرىنى كۆردى. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن قىسقۇچپاقا كۆپۈك پۈركۈپ چىقىرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «قىسقۇچپاقا ساقىقى ئارقىلىق نەپەس ئالىدۇ. ئۇنىڭ ساقىقىدا نۇرغۇن سۇ بار. قىسقۇچپاقا سۇدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ساقىقى نەپەسلىنىش جەريانىدا سۇ بىلەن ھاۋانى بىللە قوشۇپ چىقىرىدۇ ھەمدە ماغزاپقا ئايلىنىپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 50 . قىسقۇچپاقا نېمە ئۈچۈن توغرىسىغا ماڭىدۇ؟

لەنلەن دېڭىز ساھىلىدا قىسقۇچپاقىلارنىڭ دائىم توغرىسىغا ئۆمىلىگىنىنى كۆرۈپ، ئانىسىنىڭ قولىنى تارتىپ: «ئانا، قىسقۇچپاقا نېمە ئۈچۈن توغرىسىغا ماڭىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «قىسقۇچپاقىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنگىلا ئېگىلەلەيدىغان تۆت جۈپ پۇتى بار. يول ماڭغاندا بىر تەرەپتىكى تۆت پۇتى ئالدى بىلەن ئۇنى كۆتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىكى تۆت پۇتى پەسكە ئېگىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىرەش كۈچى پەيدا قىلىپ، بىر تەرەپكە قاراپ توغرىسىچە سىلجىيدۇ. شۇڭا، ئۇ پەقەت توغرىسىغىلا ماڭالايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 51 . نېمە ئۈچۈن پاقا ئۆلگەن ھاشاراتلارنى يېمەيدۇ؟

يېڭىنىڭ ئانىسى بىلەن كۆل بويىغا بېلىق تۇتقىلى بارغانىدى. ئۇنىڭ پاقىنىڭ ئۆلۈك چىۋىن ۋە ئۆلۈك قۇرتلارنى يېمىگەنلىكىگە كۆزى چۈشۈپ، بۇنى چۈشىنەلمەي ئانىسىدىن: «پاقا نېمە ئۈچۈن ئۆلۈك ھاشاراتلارنى يېمەيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «چۈنكى، پاقىنىڭ كۆزى پەقەت ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان نەرسىلەرنىلا كۆرەلەيدۇ. ئۆلگەن ھاشاراتلار جىم تۇرغاچقا ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 52. يېشىل پاقىنىڭ رەڭگى نېمە ئۈچۈن يېشىل بولىدۇ؟

لىڭلىڭ ئانىسى بىلەن يېشىل پاقىنىڭ رەسىمى سىزىلغان كارتىنى كۆرۈۋېتىپ، ئانىسىدىن: «يېشىل پاقىنىڭ رەڭگى نېمە ئۈچۈن يېشىل بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «يېشىل پاقىنىڭ رەڭگىدىكى يېشىل رەڭ ئۇنى قوغدايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئوت - چۆپ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالسا، دۈشمەنلىرى ئاسانلىقچە كۆرمەيدۇ - دە، دۈشمىنىنى ئېزىقتۇرۇپ، ئۆزىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 53. كىچىك قۇمچاقلار قانداق قىلىپ پاقىغا ئايلىنىدۇ؟

بىر كۈنى، لياڭلياڭ ئانىسى بىلەن سەي يۇيۇش ۋە سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن سۇ بويىغا بېرىپ، نۇرغۇن قۇمچاقلارنىڭ سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. ئانىسى ئۇنىڭغا قۇمچاقلار يوغىناپ پاقا بولىدۇ دېگەن ئىدى، لياڭلياڭ ئەجەبلىنىپ: «قۇمچاقلار قانداق قىلىپ پاقىغا ئايلىنىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئانىسى چۈشەندۈرۈپ: «كىچىك قۇمچاقلار پاقىنىڭ تۆرەلمىسى. ئۇ تەرەققىي قىلىپ ئالدى بىلەن كىچىك پۇت چىقىرىدۇ، ئاندىن ئارقا پۇتى چىقىدۇ، ئاخىرىدا قۇيرۇقىنى تاشلاپ پاقىغا ئۆزگىرىدۇ» دېدى.







## 54 . نېمە ئۈچۈن يىلاننىڭ پۇتى بولمىسىمۇ يەنە ئۆمىلىيەلەيدۇ؟

بىر كۈنى، تاۋتاۋ ئانىسى بىلەن تاققا ئويۇنغىلى چىقىپ بىر يىلاننىڭ يولدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئانىسىغا مەھكەم چاپلىشىپ تۇرۇپ: «نېمە ئۈچۈن يىلاننىڭ پۇتى بولمىسىمۇ يەنە ئۆمىلىيەلەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «بۇ ئۇنىڭ قورسىقىدىكى قاسىراقلارنىڭ قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، يىلاننىڭ قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى ئالدى - ئارقىغا ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدۇ. قورساق قىسمىدىكى قاسىراقلار قوۋۇرغا تېرە مۇسكۇللىرىدىن ئۆتۈپ، قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. قوۋۇرغا تېرە مۇسكۇللىرى يىغىلغاندا، قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىنى ئالدىغا قاراپ مىدىرلىتىدۇ، قورساق قىسمىدىكى قاسىراقچىلارمۇ كۆتۈرۈلۈپ، بەدەننى ئالدىغا سىلجىتىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يىلاننىڭ ئۇمۇرتقىسى ئوڭ-سولغا ھەرىكەتلەنگەندىمۇ ئىتتىرىش كۈچى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆمىلەش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 55 . نېمە ئۈچۈن تاشپاقىنىڭ دۈمبىسىدە ئۈششاق مارجانلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟

كۈن تۇتۇلغان كۈنلەردە، ناۋناۋ ئۆيىدىكى تاشپاقىنىڭ دۈمبىسىدە نۇرغۇن ئۈششاق مارجانلارنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن ھالدا ئانىسىدىن: «كۈن تۇتۇلسا، نېمە ئۈچۈن تاشپاقىنىڭ دۈمبىسىدە نۇرغۇن ئۈششاق مارجانلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «تاشپاقىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولغاچقا، كۈن تۇتۇلۇپ ھاۋا نەملەشكەندە، نەم ھاۋا تاشپاقىنىڭ سوغۇق دۈمبىسى بىلەن ئۇچراشسا مۇزلاپ ئۈششاق مونچاقلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 56. نىمە ئۈچۈن تاشپاقا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ؟

بىر كۈنى، نيۇنيۇ تاشپاقىغا يەم بېرىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت بىر مەسىلىنى ئويلاپ، ئانىسىدىن: «نىمە ئۈچۈن تاشپاقا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «تاشپاقا سوغۇق قانلىق ھايۋان بولۇپ، ماددا ئالماشتۇرۇشى ئاستا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاستا ھەرىكەت قىلغاچقا، بەدىنىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىمۇ ئاز. شۇڭا، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 57. نېمە ئۈچۈن پارقىراق قوڭغۇز نۇر چىقىرىدۇ؟

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، كەچتە دۇدۇ ئانىسى بىلەن ھويلىدا سەگىدەپ ئولتۇرۇپ، چۆپلۈكتىكى پارقىراق قوڭغۇزلارنىڭ نۇر چىقىرىشىپ مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆردى. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن پارقىراق قوڭغۇز نۇر چىقىرىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈنكى، پارقىراق قوڭغۇزنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە نۇر چىقىرىش ھۈجەيرىلىرى بار. نۇر چىقىرىش ھۈجەيرىسىدىكى نۇر پىگمېنتى، نۇر فېرمېنتى قاتارلىق ماددىلار ئوكسىگېن بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆزئارا تەسىر قىلىشىپ، نۇر ئېنېرگىيەسى پەيدا بولۇپ نۇر چىقىرىدۇ. چىققان نۇرنىڭ دەم چاقناپ، دەم ئۆچۈپ تۇرۇشى ئۇنىڭ نۇر چىقىرىش ھۈجەيرىلىرىدىكى ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەشنى كونترول قىلىشىدىن بولغان» دەپ جاۋاب بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 58. نېمە ئۈچۈن ھەسەل ھەرىلىرى ئۇچقاندا غوڭۇلداپ ئاۋاز چىقىرىدۇ؟

بىر كۈنى، يەنيەن ئانىسى بىلەن گۈللۈكتە گۈل كۆرۈۋېتىپ، بىر توپ ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى ھەمدە غوڭۇلداپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ ھەسەل ھەرىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ھەسەل ھەرىلىرى ئۇچقاندا غوڭۇلداپ ئاۋاز چىقىرىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ھەسەل ھەرىسى ئۇچقاندا سې- كۇنتىغا 200 نەچچە قېتىم قانات قاقىدۇ. بۇنداق يۇقىرى دولقۇن ھاۋانى تىترىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غوڭۇلدىغان ئاۋاز پەيدا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 59 . نېمە ئۈچۈن ھەسەل ھەرىسى ئادەمنى چېقىپ بولۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ؟

بىر كۈنى، ناۋناۋ گۈللۈكتە ئويناۋاتقانىدى، ئۇنى ھەسەل ھەرىسى چېقىۋالدى. لېكىن، چاققان ھەرىمۇ ئۆلۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ئەجەبلەنىپ ئانىسىدىن: «ھەسەل ھەرىسى ئادەم چاققاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن ئۆزى ئۆلۈپ قالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ھەسەل ھەرىسىنىڭ نەشتىرىنىڭ ئۇچى ئىلمەك كېلىدۇ، نەشتىرى ئۇنىڭ زەھەر بېزى ۋە ئىچكى ئەزالىرى بىلەن تۇتاش بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئادەمنى چاققاندىن كېيىن، نەشتىرى ئۇچىدىكى ئىلمەك ئادەمنىڭ تېرىسىگە ئىلىنىپ قالىدۇ ـ دە، نەشتىرىنى كۈچەپ تارتقاندا، ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى سۇغۇرۇلۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ قالىدۇ» دېدى.









## 60. نېمە ئۈچۈن يىڭناغۇچ قۇيرۇقىنى سۇغا تەگكۈزىدۇ؟

بىر كۈنى، شياۋجيې ئانىسى بىلەن كۆل بويىدا ئويناۋېتىپ، يىڭناغۇچنىڭ قۇيرۇقىنى سۇغا تەگكۈزۈپ، يەنە ئۈچۈپ، يەنە تەگكۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن يىڭناغۇچ قۇيرۇقىنى سۇغا تەگكۈزىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «يىڭناغۇچ باشقا ھاشاراتلارغا ئوخشىمايدۇ. تۆرەلمىسىنى چوقۇم سۇغا چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ تۆرەلمىسى سۇدا يېتىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى سۇغا تەگكۈزۈشى تۆرەلمىسىنى سۇغا چىقىرىش ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەردى.



## 61. نېمە ئۈچۈن ئۆمۈچۈك تور توقۇيدۇ؟

بىر كۈنى، نيۇنيۇ بىر ئۆمۈچۈكنىڭ تورۇستا تور توقۇۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئۆمۈچۈك تور توقۇيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈنكى، ئۆمۈچۈكنىڭ قورسىقىدا توقۇش ئەزاسى بار بولۇپ، يىپ تارتىپ تور توقۇيدۇ. ئۆمۈچۈكنىڭ تور توقۇشى ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يېيىش ئۈچۈندۇر» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com







## 62. نېمە ئۈچۈن سازاڭ ئىككى پارچە بولۇپ كەتسىمۇ ئۆلمەيدۇ؟

بىر كۈنى، لېلي ئانىسى بىلەن سەي ئالغىلى كېتىۋېتىپ، بىر تال سازاڭنىڭ ئىككى پارچە بولۇپ كەتسىمۇ يەنە مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئانىسىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، ئانىسى: «سازاڭنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ئۇنىڭ ئالدىنقى 15 - بوغۇمىغا جايلاشقان. 15-بوغۇمىدىن كېيىنكى قىسمى ئۈزۈلۈپ كەتسە ئۆلمەيدۇ. ئۇ قايتا تىرىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە» دەپ جاۋاب بەردى.



## 63. نېمە ئۈچۈن پىلە قۇرتى ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يېيىشكە ئامراق؟

مىمى ئانىسى بىلەن پىلە قۇرتىغا ئۈجمە يوپۇرمىقى سېلىپ بېرىۋېتىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن پىلە قۇرتى ئۈجمە يوپۇرمىقى يېيىشكە ئامراق؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈنكى، ئۈجمە يوپۇرمىقىدا پىلىنىڭ چاپىنىشىنى قوزغىتىدىغان بىر خىل تەم سەزگۈچى ماددا بىلەن يۇتۇشقا ياردەم بەرگۈچى ماددا بار. شۇنىڭ ئۈچۈن پىلە قۇرتى ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 64. نېمە ئۈچۈن قۇلۇلە ئۆمىلىگەن جايدا ئاق سىزىق قالدۇرىدۇ؟

شياۋيىڭ بىر قۇلۇلىنىڭ ئۆمىلەپ ماڭغان جايىدا ئاق ئىز قالدۇ-رۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن قۇلۇلە ئۆمىلىگەن جايدا ئاق ئىز قالدۇرىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈنكى، قۇلۇلە قورساق پۇتى بىلەن ماڭىدۇ. ئۇنىڭ قورساق پۇتى ئۆمىلەشكە ياردەم بېرىدىغان بىر خىل شىلىمشىمان سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل سۇيۇقلۇق قۇرۇغاندىن كېيىن بىر خىل ئاق سىزىققا ئوخشاپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.







## 65. پاشا نېمە ئۈچۈن قان شورايدۇ؟

بىر كۈنى شىڭشىڭنى پاشا چېقىۋالدى. ئۇ چىدىيالماي ئانىسىدىن: «پاشا نېمە ئۈچۈن قان شورايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئەركەك پاشا قان شورىمايدۇ. ئۇ ئوت - چۆپ ئۈستىدىكى شەبنەم سۈيىنى شوراپ هايات كەچۈرىدۇ. چىشى پاشىلار تۆرەلمە تۇغۇش ۋە هاياتىنى ساقلاش ئۈچۈن قان شورايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 66. نېمە ئۈچۈن پەرۋانە چىراغ ئەتراپىغا كېلىۋالىدۇ؟

لىگلىڭ كېچىدە نۇرغۇن پەرۋانىلەرنىڭ كۈن نۇرى لامپۇچكىسى ئاستىغا توپلىشىپ ئۇچۇشۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن پەرۋانىلەر چىراغ ئەتراپىغا يىغىلىپ ئۇچىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈنكى، پەرۋانە قىزىل نۇرنى ئۇچۇق كۆرەلمەيدۇ. لېكىن، ئۇلترا بىنەپشە نۇرنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرىدۇ. شۇڭا، كېچىدە چىراغدىن چىققان بىنەپشە نۇر پەرۋانىنى ئۆزىگە جەلب قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 67. كېپىنەك قۇرتى كېپىنەككە قانداق ئايلىنىدۇ؟

لېلى بىر كۈنى بىر دانە كېپىنەك تۇتۇۋالغانىدى، ئانىسى ئۇنىڭغا كېپىنەكنىڭ كېپىنەك قۇرتىدىن ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېلى قىزىقىپ: «كېپىنەك قۇرتى قانداق قىلىپ كېپىنەككە ئۆزگىرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «كېپىنەك قۇرتى داۋاملىق تېرە تاشلاپ ۋە نەرسىلەرنى يەپ ئوزۇقلىنىپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇسۇپ غوزەك هاسىل قىلىپ غوزەك ئىچىگە ئورۇنلىشىدۇ ۋە باش قىسمىنى تۆۋەنگە قىلىپ ياتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تېرە تاشلاپ قورچاققا ئايلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قورچاق تېرىسىنى تاشلاپ كېپىنەككە ئايلىنىدۇ ۋە قاناتلىرى قۇرۇغاندىن كېيىنلا ئۇچىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 68. كېپىنەك قۇرتى چېقىۋالسا نېمە ئۈچۈن ھەم ئاغرىتىپ، ھەم قىچىشىپ كېتىدۇ؟

بىر كۈنى تاۋتاۋ ئانىسى بىلەن تاققا ياۋا چىلان تەرگىلى بارغانىدى، ئۇنى كېپىنەك قۇرتى چېقىۋالدى. چاققان ئورۇن ھەم ئاغرىتىپ، ھەم قىچىشىپ كەتتى، ئۇ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن كېپىنەك قۇرتى چېقىۋالسا ھەم ئاغرىتىپ، ھەم قىچىشتۇرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «كېپىنەك قۇرتىنىڭ بەدىنىدىكى زەھەرلىك تۈك نەيچىسىمان بولۇپ، ئىچى پۈتۈنلەي زەھەر بىلەن تولغان. كېپىنەك قۇرتى ئادەمنى چاققاندا، زەھەرلىك تۈكى ئادەمنىڭ تېرىسىگە كىرىپ، بىر ئۇچى تېرە ئىچىدە سۇنۇپ قالىدۇ - دە، زەھىرى ئادەمنىڭ تېرىسىگە قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەم ئاغرىتىپ، ھەم قىچىشتۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 69 . تومۇزغا نېمە ئۈچۈن چىرىلدايدۇ؟

ياز كۈنلىرى دەرەختىكى تومۇزغا توختىماي چىرىلداۋەردى. ماۋماۋ ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ، ئانىسىدىن: «تومۇزغا نېمە ئۈچۈن قاتتىق چىرىلدايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چىشى تومۇزغىلا قاتتىق چىرىلدايدۇ. ئۇنىڭ قورساق قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىسقارمون ساندۇقى بولۇپ، مۇسكۇللارنىڭ تىترىشى بىلەن نېپىز پەردىلەرنى، ھاۋانى تىترىتىدۇ. تىترەك تاۋۇش چىقىرىپ، پۈرمە پەردىلەر ئارقىلىق چوڭايتىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاۋاز تاختىسىدىن قايتۇرۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاۋازى چوڭىيىدۇ. ئۇ يەنە تۆشۈكچىلەردىكى قاپقاقنى ئىختىيارىي ئېچىپ - يېپىش ئارقىلىق، ئاۋازنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى تەڭشەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



### 70. نېمە ئۈچۈن تېزەكچى قوڭغۇز تېزەك ئۇگۇندىلىرىنى دومىلىتىدۇ؟

بىر كۈنى، دۇدۇ ئانىسى بىلەن دۆۋىلەپ قويۇلغان قىغنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ، بىر تېزەكچى قوڭغۇزنىڭ تېزەك ئۇگۇندىسىنى دومىلىتىپ ئەكېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن تېزەكچى قوڭغۇز تېزەك ئۇگۇندىلىرىنى دومىلىتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «تېزەكچى قوڭغۇزنىڭ تېزەك ئۇگۇندىلىرىنى دومىلىتىپ مېڭىشى تۆرەلمە چىقىرىشقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن تېزەك ئۇگۇندىسىنى بىخەتەر جايغا ئاپىرىپ كۆمىدۇ، ئاندىن چىشى قوڭغۇر كېلىپ تېزەك ئۈستىگە تۇخۇملايدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تۇخۇمدىن چىققان يۇمران قوڭغۇزلار تېزەك ئۇگۇندىسىنى يەپ ھايات كەچۈرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.







## 71 . چۈمۈلە نېمىگە تايىنىپ ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ؟

بىر كۈنى لىڭلىڭ ئانىسى بىلەن دەرەخ ئاستىدا سالقىنداۋېتىپ، يەردە نۇرغۇن چۈمۈلىلەرنىڭ توپ - توپى بىلەن قاتارلىشىپ ئۆمىلەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ ئويلانغان ھالدا ئانىسىدىن: «چۈمۈلە نېمىگە تايىنىپ ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈمۈلە بې-شىدىكى ئىككى تال بۇرۇتنى تەگكۈزۈپ، قارشى تەرەپنىڭ تېنىدىكى پۇراقنى پۇراش ئارقىلىق ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ» دېدى.



## 72. چىۋىن نېمە ئۈچۈن كېسەل بولمايدۇ؟

كەيكەي چىۋىنلەرنىڭ كۆكىرىپ قالغان بولكا ئۈستىدە ئۇچۇشۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «چىۋىنىنىڭ تېنىدە نۇرغۇن مىكروب بار تۇرۇقلۇق، ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈن كېسەل بولمايدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «چىۋىنىنىڭ بەدىنىدىكى يۇقۇملانغان مىكروبلار ئاساسلىقى ئۇنىڭ ھەزىم قىلىش يوللىرىغا يوشۇرۇنىدۇ. چىۋىنىنىڭ تېنىدىن مىكروبقا قارشى تۇرىدىغان بىر خىل ھايات ئاقسىل ئاجرىلىپ چىقىدىغان بولۇپ، ئۇ بىر بۆلەك مىكروبلارنى ئۆلتۈرىدۇ. قالغان مىكروبلار بولسا بەدەن سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ. ھەزىم قىلىش يوللىرىدا بەك ئۇزاق تۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق، شۇڭا چىۋىن كېسەل بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



本书根据金盾出版社 2002 年 1 月第 1 版，2002 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلبەر ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۈل سىدىق

بالىدىن سوئال، ئانىدىن جاۋاب

## ھايۋانات قىسمى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم 1/32، باسما تاۋىقى: 2.25
2004 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2010 ـ يىل 3 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 10160 — 6161

---

ISBN 978—7—5373—1274—5
بىر يۇرۇش يەتتە كىتابنىڭ باھاسى: 28.00 يۇەن
سۇپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 ـ 0998

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلشات تۇرسۇن



تۇرمۇش قىسمى



ئۈسۈملۈك قىسمى



ئادەم بەدىنى قىسمى



ئاسترونومىيە قىسمى



جۇغراپىيە قىسمى



پەن ـ تېخنىكا قىسمى



ھايۋانات قىسمى 4.00

ISBN 978-7-5373-1274-5

总定价：28.00元